# 130359 ـ يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچىلارغا ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلىدىغان مۇكاپات پۇلىنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

---

## سۇئال

ئىجتىمائى پاراۋانلىق ئورۇنلىرى بىر يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشىگە ئايلىق 2000مىڭ رىيال ئاخىردا مۇكاپات ئۈچۈن 20مىڭ رىيال بېرىدۇ، بۇ مالنى ئالسا توغرا بولامدۇ؟مەن ئۇنىڭدىن ئېھتىياجىمغا لايىق ئالسام بولامدۇ؟بۇ مۇكاپات ئارتۇق بولۇپ قالسا بۇنى قانداق قىلىشىم كېرەك بولىدۇ؟،مېنىڭ بىلىشىمچە ئالىدىغان مۇكاپات مېنىڭ پەرزەنتلىرىمگە سەرپ قىلىدىغان ھاجەتلىرىمدىن كۆپ بولىدۇ.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

يېتىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش پايدىلىق بولغان ياخشى ئەمەللەردىن بولۇپ، بۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: مەن ۋە يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغۇچى جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن دەپ ئۆزىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىغا ئىشارەت قىلدى ۋە ئىككى بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. [بۇخارى رىۋايىتى5304–ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى2983–ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دەيدۇ: "يېتىمغا ئىگە بولغۇچى دىگەن: يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بېرىپ، ئۇنى ياخشى تەربىيىلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق شەرەپ ئۆز يېنىدىن مال چىقىرىپ ياكى شەرئى پىرىنسىپ بىلەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ يېتىمنىڭ مېلىدىن سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان كىشىگە ھاسىل بولىدۇ".

ئىجتىمائى پاراۋانلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن نىزامىدا مۇنداق بايان قىلىنغان: "2–يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش: بۇ ياردەم نىزامنىڭ 14–ماددىسىغا ئاساسەن يېتىمنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن كۆزلەنگەن كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان بالىلار ئاساس قىلىنىدۇ، ھىجرىيە

1395-5-13-كۈندە مىنىستىرلار كېڭىشى تەرىپىدىن چىقىرىلغان 612-نۇمۇرلۇق قارارغا ئاساسەن: مىنىستىرلىق يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان تەرەپلەرگە ئۇلار ياردەم ئېلىشنى خالىسا يېتىم بالىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ ئۇلارغا تۆۋەندىكىچە ياردەم بېرىلىدۇ:

ـ ئالتە ياشتىن كىچىك بولغان بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىگە ئايدا 2000مىڭ رىيال بېرىلىدۇ.

ـ ئالتە ياشتىن چوڭ بولغان بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىگە ئايدا 3000مىڭ رىيال بېرىلىدۇ.

3-يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋاقتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بېرىلىدىغان ياردەم: ھىجرىيە 1395-10-13-كۈندىكى 1430-نۇمۇرلۇق قاراردا بېكىتىلگەن بويىچە: ئاتا-ئانىسى بىلىنمىگەن يېتىملەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مۇددىتى ئاخىرلاشقان ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن مالىيەدىن 20مىڭ رىيال ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ". مىنىستىرلىكنىڭ توربېتىدىن ئېلىندى.

http://www.mosa.gov.sa/portal/cdisplay.php?cid=10

نىزامدىن بىلىنگىنى بۇ مۇكاپات يېتىمنىڭ نەپىقىسى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى يېتىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتتۇر، بۇ يېتىمنىڭ كېپىللىكى ئاخىرلاشقاندا بېرىلىدىغان مۇكاپات بولۇپ، بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ مۇكاپات ئائىلىنىڭ مۈلكىدۇر، بۇنىڭدىن ياكى يېتىمنىڭ خىراجىتىدىن ئاشقان نەرسىدىن پايدىلانسا توغرا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.